# سۈپىزم ھەققىدە ئومۇمىي مۇقەددىمە

ئىسلام ئەزەلدىن خالىس ئەمەل ۋە ئىلىم دىنىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ» «بىلگىنكى، الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن»[1] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «وَقُلِ اعْمَلُواْ فَسَيَرَى اللّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ» «ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله، الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەي پاتىمە، ئەمەل قىلغىن! مەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ساڭا بىر نەرسىگە كېپىللىك قىلالمايمەن". ئىسلام دىنى يەنە خالىس تەۋھىد دىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدا پەقەت يالغۇز ئاللاھ تائالالا بار" « ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ» «بۇ توغرا دىندۇر.»[3]

ئىسلام بۇ نوقتىدىن قارىغاندا ساپ ئەقىدە، ساغلام ئېتىقاد دىنىدۇر، ئەقىدىنىڭ ئۇسۇلى (ئاساسى) ۋە دىنىنىڭ مېتودى ۋە ماھىيىتى ئەتراپىدا ئىختىلاپ بولمىغان مەزھەپلەرسىز، تەرىقەتلەرسىز دىندۇر.

ئىسلامنىڭ فەتھى قىلغان رايونلىرى كېڭەيگەن، باياشاتچىلىققا تولغان، مەدەنىي كەيپىچىلىككە چۆككەن بىر زامانلار كەلگەنگە قەدەر، ئىسلام بۇ يىگانە، ئۇلۇغ سۈرىتى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ مەيدانغا كىلىشى بىلەن، ئىخلاسمەن، زاھىد بىرلىرى، ھاياتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شەكىللىرى بويىچە ئىزچىل مېڭىش ئارزۇسى بىلەن، ھاياتنىڭ قاتتىقچىلىق تەرىپىگە قايتىش چاقىرىقىنى كۆتىرىپ چىقتى، ئەنە شۇ زاھىدلارنىڭ بىرلىرى باشقا بىر تەرەپكە، يەنى تەسەۋۋۇپ تەرەپكە يۈزلەندى؛ بۇ خىل يۈزلىنىش ئۆزىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئەقىدىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن نەپسىنى تەربىيلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىنىشىدىن باشقىنى كۆزلىمەيتتى.

ئەمما، نادانلىقنىڭ يامرىشى، باياشاتلىقنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشى، پىتنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ھەسەتخورلارنىڭ سۈيقەستلىرى، دىن نامىدىن مەنپەئەت قوغلايدىغان دىنسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى قاتارلىق ئىشلار ئەقىدىدىن ياتلاشقان بىر يېڭى مەدرىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ مەجۇسى پىكرىنى بويلاپ ماڭغان يېڭى سۈپىزم مەدرىسسى ئىدى. قۇرئاننى تەۋىل قىلىشتى، ۋەيران قىلغۇچ باتىنىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرىۋەتتى؛ ئۇلار ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بەدىنىگە ئولاشقان زەھەرگە ئوخشاش تارقاشقا باشلىدى. كىتاب ۋە سۈننەتتىن بىر قەدەم يىراقلاشقانچە، مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ بەدىنىكى زەھەر بىر قانچە قەدەم ئىچكىرلەپ ماڭدى، شۇنداق

[1] مۇھەممەد سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى، 105 ـ ئايەت.
[3] يۇسۇف سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.



www.munber.org

قىلىپ، ئەسلى ماھىيىتىدە ئېغىشنىڭ ئامىللىرى بولمىغان سۈپىزمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئازغۇن تەرىقەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام دۇنياسىدا مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. مۇسۇلمان ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىدە بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە تەسەۋۋۇپنى ئومۇمىي شەكىلدە، ئارقىدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان تىيجانىييە، خەتمىييە، سەنۇسىييە ۋە شازىلىييەگە ئوخشاشلار تەرىقەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇلاردىن كېيىن، ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شەكىلدە تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دىيۇبەندىييە، تەبلىغ ۋە مەھدىييەگە ئوخشىغان ئېقىملارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. گەرچە مەھدىييە سۈپىزمنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ ماڭغان بىر ئېقىم بولسىمۇ، تەسەۋۋۇپقا باشقا ئىشكىتىن كىرگەن. بۇلارنى تەتىق قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ قەيەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئاللاھنىڭ ياردىمى تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ جامائەتلەرنى ئۆگىنىپ چىقىمىز.

www.munber.org